

# ئلىنا بلن ئۋان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئلنا بلەن ئۋان



مللەتلەر نەشرياتى
بېيجن - 1957

# كىرىش سۆز

بۇ كىتاپ سوۋېت ئىتتىپاقى قورچاق كىنو فىلىملىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن.

بۇ چۈچەك مۇنداق ۋاقەنى تەسۋىرلەيدۇ: ئۇۋان دېگەن بىر بالا دېۋە تەرىپىدىن سېھرى قىلىنغان سۇنى ئىچىپ قويۇپ، ئوغلاققا ئايلىنىپ قەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاچىسى ئىلىنا بەك قايغۇرۇپتۇ، بىر يولۇچى باتۇر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دېۋىنى يوقۇتۇپ، ئۇۋاننى قايتىدىن ئادەمگە ئايلاندۇرماقچى بوپتۇ. كېيىن دېۋە قۇزغۇنغا ئايلىنىپ، ئوغلاقنى تۇتۇۋېلىپ، غارغا ئەكىرىپ كاۋاپ قىلىپ يېمەكچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر چاشقان چىقىپ، ئاغامچىنى قىرقىپ تاشلاپ، ئوغلاقنىڭ قېچىپ كېتىشىگە ياردەم بېرىپتۇ.

ئىلىنا ئوغلاقنى ئىزدەپ ژۈرگەندە، دېۋە ئۇنى دەرياغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ. ئوغلاق دەريا ياقىسىدا مەرەپ-ژىغلاپ ژۈرگەندە، بېلىقى باتۇر يېتىپ كېلىپ، ئىلىنانى سۇدىن ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە دېۋىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، شۇ چاغدا ئۇۋان ئاۋالقى ئەكسىگە كېپتۇ.

بۇ چۈچەك بىزدە ئاق كۆڭۈل ئۇۋان بىلەن ئىلىناغا، ياخشى ئادەملەرگە ياردەم قىلىپ، ياۋۇزلارنى يوقۇتۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالغان باتۇرغا مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭدەك بىزگە باتۇر ۋە ئاق كۆڭۈل بولغاندىلا ياۋۇزلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولۇدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئورمانلىقتا ياغاچتىن ياسالغان بىر ئۆي بار ئىكەن .



بۇ ئۆيدە ئىككى بالا ياشايدىكەن، ئاچىسىنىڭ ئىس-
مى ئېلىنا، ئۇكىسىنىڭ ئىسمى ئىۋان ئىكەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىر كۈنى ئەتىگەنلىگى ئىلىنا ئاسىقاقنى مۈردىسىگە ئارتىپ، ئىۋاننى يېتىلەپ، ئېتىزغا مېڭىپتۇ.



بۇلار ئېتىزغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلىنا يەر
يۇمشۇتۇشقا باشلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



ئىۋان كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن بىر چەتكە بېرىپ، سايىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇسساپ ئۇنىڭ ئېغىزلىرى قۇرۇشقا باشلاپتۇ؛ ئۇ كوزىنى ئېلىپ قارىسا، كوزىدا بىر تېمىمۇ سۇ قالمىغان ئىكەن.



يەنە بىر دەمدىن كېيىن، ئۇ ئۇسسۇزلۇقتا چىـ
دالماستىن، ژۈگۈرۈپ بىر كولچەكنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ-
دە، ئاچچىقىدا: «ماۋۇ كولچەكتىكى سۇنى ئىچەيـ
مۇ؟» — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ ئورمانلىقتا بىر دېۋە سېھرى قىلغان ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكى كۆرۈنگەنلا سۇنى ئىچسە بولمايدىكەن، كىمدە-كىم بۇ سۇنى ئىچىپ قويسا، ھايۋانغا ئۆزگىرىپ قالىدىكەن. بۇنى بىلگەن ئىلىنا ئىتتىك كېلىپ، ئىۋاننى بۇ سۇنى ئىچىشتىن توسۇپتۇ.



ئېلىنا ئۇكىسىنى، ئۆيگە بېرىپ ئىچكىن، دەپ
يېتىلەپ مېڭىپتۇ، بىراق ئىۋانىڭ ماڭغىسى كەلمەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئۋان تېخىمۇ ئۇسساپ كېتىپ ئاخىرى بىر چارە تېپىپتۇ: ئاچىسىنىڭ يېتىلەپ مېڭىشىغا كونمەي، ژۈگۈ-
رۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.



ئۇۋان بر ئاز ژۇگۇرگەندن كيين، ئاچام كو-
رۇۋالمسۇن دەپ، بر دەرەخنڭ ئارقسغا موكۇۋەپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئۇۋان ساقلاپ تۇرۇپ، ئاچىسى ئۆتۈپ كەت-
كەندىن كېيىن، كۆلچەكنىڭ لېۋىگە ئىتتىك ئومۇلەپ
بېرىپ، سۇدىن بىرنەچچە ئوچۇم ئىچىپتۇ.



ئېلىنا ساقلاپ-ساقلاپ، ئاخىرى ئىۋانىڭ يېنىغا
كېپتۇ، بۇچاغدا ئىۋان ئۆزگۈرۈشكە باشلاپتۇ: بېشىغا
ئۆچكىنىڭ ئىككى قولىغى ئۆسۈپ چىقىپتۇ، ئاغزىمۇ ئۆچ-
كىنىڭ ئاغزىغا ئۆزگۈرۈپ قەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بىر ئازدىن كېيىن، ئىۋان پۈتۈنلەي بىر ئوغلاققا ئايلىنىپ قەپتۇ، ئىلىنا ئۇكىسىنىڭ راستىنلا ھايۋانغا ئايلىنىپ قالغانلىغىنى كۆرۈپ، قاتتىق قايغۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.



ئىلىنا ئوغلاققا ئايلىنىپ قالغان ئىۋاننى ئۆيگە
ياندۇرۇپ كېپتۇ. ئىۋان ئۆزىنىڭ ئوغلاققا ئۆزگۈرۈپ
قالغانلىغىنى بىلمەي ئاچىسى بىلەن بىللە ئويناۋېرىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئىلىنا تېخمۇ قايغۇرۇپتۇ، ئۇ، ئوغلاقنى سىلاپ
تۇرۇپ، بوينىغا يىپەك باغلىق بىر قوڭغۇراقنى ئېسىپ،
ئۇنى ئەكىلىپ تۇرۇپ، تالاغا يالغۇز چىقىپ كەتمە-
گىن، دەپ نەسىھەت قىپتۇ.



شۇچاغدا ئاتلىق بىر باتۇر بۇيەردىن ئۆتۈشىدە
ياغاچ ئۈينىڭ يېنىدىكى قۇدۇقنى كۆرۈپ، ئاتتىن
چۈشۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



باتۇر ئېلىنادىن بىر چېلەك ئېلىپ، سۇ تارتىپ ئېتە-
نى سۇغۇرۇپتۇ، باتۇر چېلەكنى قايتۇرۇپ بېرىشتە قارى-
سا، ئېلىنا ئۆزىچىلا ژىغلاپ كېتىپتۇ، باتۇر ئېلىنادىن: نىمە
ئۈچۈن ژىغلايسىز، دەپ سورىغاندا، ئېلىنا ئۇ كىشىنىڭ
قانداق قىلىپ ئوغلاققا ئايلىنىپ قالغانلىغىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.



باتۇر ئىلنانىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ، ناھايىتى
غەزىۋى كېپتۇ، ئۇ، ھېلىقى دىۋىنى ئولتۇرگەندىلا
ئاندىن ئىۋاننى ئادەمگە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلى
غىنى بىلىپ ، ئىلناغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن دىۋىنى
ئىزدەپ تاپماقچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇندڭ بلەن باتۇر ئاق بوز ئېتغا منپ، دې-
ۋنى تېپش ئۈچۈن يولغا چقپتۇ.



ئەمما، ئىلىنا باتۇرنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ ئۆيگە كىرسە، ئوغلاق ئويۇنغىلى تالاغا چىقىپ كېتىپ قەپتۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۇ تالاغا چىقىپلا ئوتلاق ۋە گۈللۈكلەر ئارىسىدا ژۈگۈرۈپ، سەكرەپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ.



ئوغلاق بىر دىنلا بېشىنى كوتەرگەن ئىكەن، ئال-
دىدا بىر قۇزغۇن كوزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، دەرەخ
شېخىدا ئولتۇرغىدەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



قۇزغۇن ئۇچۇپ كېلىپ بىر كوتەك توپىسىگە قونغان ئىكەن، ئوغلاق بار كۈچى بىلەن قۇزغۇننى ئۇسۇپتۇ.



ئوغلاقنىڭ بېشى تېگە-تەگمەيلا، قۇزغۇن دېۋ-
گە ئايلىنىپ، قانىتىنىڭ ئاستىدىن ئىككى قول چىقىرىپ
ئوغلاقنى تۇتۇۋەپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



دېۋە ئوغلاقنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئوغلاقنى ئېلىپ ماڭغانلىقىمنى بىر كىم بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقنى بېغى بىلەن يېشىۋېلىپ، دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.



قوڭغىراق بىغىي بىلەن سۇغا چۈكمەستىن ،
لەيلەپ قەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دېۋە ئوغلاقنى قېلن ئورمانلق ئچدىكى بر قورقۇنۇچلۇق غارغا ئېلپ كېتتۇ.



دېۋە ئۆيگە كىرىپ، ئوغلاقنى ئاغامچا بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ، ئۇنى كاۋاپ قىلىپ يېيىش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت يېقىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



دېۋە تالاغا ئوتۇن ئالغىلى چىقىپ كەتكەن ئىكەن، ئۇشتۇمتۇت بىر چاشقان چىقىپ، ئوغلاقنىڭ ئاغامچىسىنى قىرقىپ ئۈزۈپ تاشلاپ، ئوغلاقنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ.



ئوغلاق چاشقاننىڭ ياردىمى بىلەن دېۋىنىڭ غارد-
ىدىن قېچىپ چىقىپتۇ.



شۇچاغدا، ئېلىنا ئوغلاقنىڭ يوقۇلۇپ كەتكەنلىگىنى بىلىپ، ھەممە يەرنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئۇ ژۇگۇرۇپ ژۇرۇپ، ئورمانلىقنىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپتۇ.



ئېلىنا ئۆكىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، دەريا بويىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىلىنا شۇنداقلا سۇغا قارىسا، ئوغلاقنىڭقوڭـ
غىرىغى بېغى بىلەن سۇدا لەيلەپ تۇرغىدەك. ئۇ،
ئوغلاق سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن بولسا كېرەك،
دەپ ئېخسمۇ قايغۇرۇپتۇ.



دېۋە ئوغلاقنڭ يوقۇلۇپ كەتكەنلگنى بلىپ،
يەنە قۇزغۇنغا ئايلنىپ، ئوغلاقنى ئزدەپ ئۇچۇپ
ژۈرگەندە، دەريا بويدا ئولتۇرغان ئلنانى كورۈپ
قەپتۇ-دە، ئۇنى قانتى بلەن بر ئۇرۇپ، سۇغا ئتتـ
رىۋېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوزغۇن ئوغلاقنى ئىزدەپ باشقا ياققا كەتكەندە، ئوغلاق ژۇگۇرۇپ كېلىپ قارىسا، ئاچىسى سۇنىڭ ئىچىدە ياتقىدەك. ئۇ ھەم تەمتىرەپ ھەم ئېچىنىپ: «مە ـ مە ـ مە!»ـ دەپ مەرەپتۇ.



باتۇرغا كەلسەك، دېۋنى بر كۈن كەچكچە ئزدەپ تاپالماي، ئەتە يەنە ئزدمەكچى بوپتۇ. ئۇ، ئاللى بلەن ئلناغا تەسەللى بېرش ئۈچۈن ئۆيگە كرسە، ئلنا يوق ئكەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

باتۇر تالاغا چىقىپ ھەممە يەرنى ئىزدەپ ئاخىرى بىر يەرگە كەلسە، دەريا بويىدىن ئۆغلاقنىڭ غەمكىن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. باتۇر: «ئىلىنا تايسىن، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.» ـ دەپ ئويلاپتۇ.



باتۇر سۇنى كېچىپ، ئوتتۇرىغا بېرىپ قارىسا،
ئۇلىنا سۇنىڭ تېگىدە ياتقىدەك.

www.uyghurkitap.com



باتۇر سۇنىڭ چوڭقۇرلىغىدىن ۋە خەتەردىن
قورقماي ئۈزۈپ، سۇنىڭ ئاستىغا چۈشۈپتۇ.



باتۇر قارىسا، ئۇلىنا سۇنىڭ تېگىدە مىدىرلىماي
يېتىپتۇ .

www.uyghurkitap.com



باتۇر ئىلىنانى كوتۇرۇپ سۇدىن ئېلىپ چىقىپتۇ.



بر دەملدن كيين، ئىلنا هوشغا كيپتۇ. ئۇ، باتۇرغا مننەتدارلق بلدۈرۈپتۇ، ۋە ئۇنى ياخشى كورۈپ قەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



باتۇر ئورۇلۇپ ئارقىسىغا قارىسا، دېۋە يەنە
پەيدا بولۇپ ئوغلاقنى ئېلىپ ماگماقچى بوپتۇ .



باتۇر دەرھال دېۋىنى تۇتۇۋالماقچى بولغان ئىكەن، دېۋە بىردىنلا قۇزغۇنغا ئايلىنىپ، باتۇرنىڭ قولىدىن چىقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



باتۇر قۇزغۇننىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، دەرھال ئوقياسىنى ئېلىپ، قۇزغۇننى ئېتىپتۇ.



قۇزغۇن ئۇق تېگش بلەن ئۇلۇپتۇ .


www.uyghurkitap.com

دېۋە ئولۇش بىلەن ئوغلاق دەرھال يەنە ئىۋانغا ئوزگۇرۇپ قەپتۇ .



ئىلنا خوشال بولۇپ ، ئۇكسنى باغرىغا
مەككەم بيسپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شۇنداق قىلىپ، باتۇر ئىۋاننى ئاق بوز ئاتقا مىندۈرۈپ، بىر قولى بىلەن ئاتنى يېتىلەپ، بىر قولىدا ئىلنانى يۆلەپ، ئۈچەيلەن خوشال-خورام ئۆيگە قايتىشىپتۇ.

بۇ كتاپ چاۋخۇا سەنئەت نەشرياتى تەرپىدىن
1956 - ژىلى ئيۇندا نەشر قىلنغان برىنچى نەشرى
برىنچى باسمىسدىن تەرجمە قىلندى.
本書根据朝花美術出版社1956年6月第1版第1次印刷版本譯出

كتاپ نومىرى: 1064(4)216

# ئلنا بلەن ئۋان

جۇڭگو كنو فلم تارقتىش شركتى تەرپىدىن تۈزۈلگەن.
رەسسام: جاۋخۇەنجۇ ۋە باشقىلار
تەرجمە قىلغۇچى: ھ. كەنجيېۋ
تەرجمىسنىڭ مۇھەررىرى: توختى باقى
كوررېكتورى: ق. خۇجايوۋ
مللەتلەر نەشرىياتى تەرپىدىن نەشر قىلندى.
ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسنىڭ
رۇخسەت قەغەزى نومىرى: «ن - 047»
مەركىزى مللەتلەر مەتبەئەسدە تىزىلدى.
جىنخۇا مەتبەئەسدە بېسلدى.
شىنخۇا كتاپ ماگازىنى تەرپىدىن تارقتىلدى.

1957 - ژىلى مايدا بېيجىندە برىنچى قېتىم نەشر قىلندى.
1957 - ژىلى مايدا بېيجىندە برىنچى قېتىم بېسلدى.
تىراژى: 400 9 - 1 ، باھاسى: 11 پۇڭ.

www.uyghurkitap.com

書號:1064(4)216

# 姊弟团圓

（維吾尔文）

中国电影发行公司改編

焦煥之等繪

哈米提譯

托乎提巴克校訂

卡・赫加优夫校对

民族出版社出版

地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠排版

京华胶印廠印刷

新华書店发行

---

1957年5月北京第一版

1957年5月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/48　印張1⅙

印數:1—9,400冊　定價:一角一分

統一書號：MR8049・維57